# قەبرە ئاخىرەت مەنزىللىرىدىن تۇنجى مەنزىل، كىم ئۇنىڭدىن قۇتۇلسا كېيىنكىلىرى ئۇنىڭدىن ئاسانراق، ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىسا كېيىنكىسى تېخىمۇ تەس

ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئازادگەردىسى ھانىئ مۇنداق دېگەن: ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر قەبرە يېنىغا كەلسە ساقىلى ھۆل بولغۇدەك يىغلايتتى، ئۇنىڭغا: جەننەت ۋە دوزاخنى تىلغا ئالساڭ يىغلىمايسەن؟ بۇنىڭدىن يىغلامسەن؟ دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: قەبرە بولسا ئاخىرەت مەنزىلىدىن تۇنجى مەنزىل، كىم ئۇنىڭدىن قۇتۇلسا كېيىنكى ئىشلىرى ئۇنىڭدىن ئاسانراق، ئەگەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمىسا كېيىنكىسى تېخىمۇ تەس، دېگەن

[ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [ئىبنى ماجە"سۈنەن ئىبنى ماجە"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - تىرمىزىي"سۈنەن تىرمىزى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرەر قەبرە يېنىغا كەلسە ساقىلى ھۆل بولغۇدەك يىغلايتتى، ئۇنىڭغا: جەننەت ۋە دوزاخنى تىلغا ئالساڭ يىغلىمايسەن؟ قەبرىدىن يىغلامسەن؟ دېيىلگەندە، ئۇ ئۇلارغا: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: قەبرە ئاخىرەت مەنزىلىدىن تۇنجى مەنزىل، ئىنسان قەبرىدىن ۋە ئۇنىڭدىكى سىناق، قاتتىقچىلىق ۋە ئازاپتىن قۇتۇلسا كېيىنكىلىرى ئۇنىڭدىن ئاسانراق، چۈنكى قەبرىدىكى ئازاب ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن ئۆتەلمەي، قەبرە ئازابىدىن قۇتۇلالمىسا، گۇناھلىرى ئۆچۈرۈلمەي، ئازابلىنىشقا لايىق بىرەر ئىش قالسا ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى تېخىمۇ تەس، چۈنكى دوزاخ ئازابى ئەڭ قاتتىق،-دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن يىغلايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11205

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee